شى جىنپىڭ 2019 - يىللىق «جۇڭگونى چۈشىنىش» گۇاڭجوۋ خەلقئارا يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

تېخىمۇ مۇھىم تۆھپە قوشقۇچى، قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، داۋاملىق ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇم مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدۇ.

«جۇڭگونى چۈشىنىش» خەلقئارا يىغىنى ھازىرغىچە ئۈچ نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىل پۈتۈن يەر شارىدىكى 30دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ سىياسىيون، ئىستراتېگىيەچى، ئالىم ۋە كارخانىچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 600 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، دوستلۇق ئۇل تېشىنى مۇستەھكەملەپ، ھەمكارلىق رىشتىنى چىڭىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ياش پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى ئىرادىسىنى نامايان قىلىش، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن!

2019 دۇنيا ياش ئالىملار يىغىنىنى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاق ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە جېجياڭ ۋېنجوۋدا ئۆتكۈزۈلدۇ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر، چەت ئەللىك ئاكادېمىك، مۇتەخەسسىسلەر، داڭلىق ياش ئالىملار ۋەكىللىرى ھەمدە خەلقئارالىق پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ تەخمىنەن 800 كىشى قاتناشتى.

ئاھالىلەر ئېتىراپ قىلىش ئىشلەپ ھارماسلىق

—— قاراماي شەھىرى يىڭخې يولى كوچا باشقارمىسى بېيدوۋ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى فېڭ شيۇيۈن توغرىسىدا

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□مۇخبىرىمىز شىي خۇيبىيەن

«ئۇ دائىم ئالدىراشلا يۈرىدۇ، بىكار يۈرىدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز.» مەھەللە ئاھالىسى جى سەيخۇانىڭ نەزىرىدە، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى يىڭخې يولى كوچا باشقارمىسى بېيدوۋ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى فېڭ شيۇيۈن پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچكە ئىگە بولۇپ، مەيلى كىمنىڭلا ئۆيىدە بولسۇن، ئىشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن قەتئىينەزەر، تېلېفون جىرىڭلىسىلا، ھەمىشە بىرىنچى ۋاقىتتا نەق مەيدانغا يېتىپ بارىدۇ.

«بەزىلەر مەندىن، ‹كۈندە مۇشۇنداق چېپىپ يۈرسىڭىز ھارمامسىز؟› دەپ سورايدۇ. مەن، ‹ئاھالىلەر ئېتىراپ قىلسىلا، ئىشلەپ ھارمايمەن› دەپ جاۋاب بېرىمەن.» فېڭ شيۇيۈن مۇنداق دېدى: «ئاھالىلەرنىڭ ئىشىغا ئالدىراش ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا بىر خىل رىغبەت. مەھەللىدە سىزگە ئىشىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتسا، كۆپچىلىك سىزنى ئېتىراپ قىلىۋاتسا، خىزمىتىڭىزنى قوللاۋاتسا، ياخشى ئىشلىمەسلىككە يەنە قانداق باھانىڭىز بولسۇن!» مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە رىغبەتنىڭ تۈرتكىسىدە فېڭ شيۇيۈن مەھەللىدە شۇ ئىشلىگىنىچە 20 نەچچە يىل ئىشلىدى.

ئاھالىلەرنىڭ ئىشىدا كىچىك ئىش يوق

«پەقەت ئاھالىلەر بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، يېقىن سىرداشلاردىن بولسىڭىزلا، ئاھالىلەر سىزگە ئىچ - باغرىنى تۆكۈشنى خالايدۇ» دېدى فېڭ شيۇيۈن كۈلۈپ تۇرۇپ.

فېڭ شيۇيۈننىڭ يان تېلېفونى 24 سائەت «جىرىڭلاپلا تۇرىدۇ»، «ئىش بولسىلا فېڭ شۇجىنى ئىزدەيمىز» بۇ، بېيدوۋ مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئادەت سۆزىگە ئايلانغان، بۇ يەنە فېڭ شيۇيۈننى پەخىرلەندۈرىدىغان ئىش.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەھەللىدىكى بىر بىنانىڭ سۇ تۇرۇبىسى توڭلاپ قېلىپ سۇ توختاپ قالغان. بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، فېڭ شيۇيۈن ئاھالىلەردىن تېلېفون كېلىشنى ساقلىمايلا، بىر چۆگۈن قايناق سۇ ۋە بىر چېلەك سوغۇق سۇنى كۆتۈرۈپ، مەھەللىدىكى 72 ياشلىق ئاھالە يۈەن جۈگىلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بوۋايغا «جىددىيلەشمەڭ، تۇرۇبا جىددىي رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

فېڭ شيۇيۈن، مەھەللىدىكى ياشانغانلار ۋە بالىلار كۆيۈنۈشكە كۆپرەك موھتاج، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىنسا، ياشلار خاتىرجەم خىزمەت قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەر كۈنى ۋاقتى بولسىلا، فېڭ شيۇيۈن مەھەللىدە ئايلىنىپ، ياشانغانلارنى كۆرۈپ كېلەتتى. مەھەللىدە 60 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلاردىن بىرنەچچىسى بار، بۇرۇن ئۇلارنىڭ نېمە خىزمەت قىلغانلىقى، قانداق ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشى بارلىقىنى ئۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

يېقىندا، بىرەيلەن فېڭ شيۇيۈنگە تېلېفون بېرىپ بىنانىڭ كارىدورىغا ئەخلەت قويۇپ قويۇلغانلىقىنى، مۇھىتقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ تېلېفوننى قويۇپلا، مەھەللە كادىرلىرىنى باشلاپ بىر - بىرلەپ تەكشۈردى، شۇنداقلا ناھايىتى تېزلا مەھەللىدىكى ھەربىر بىنانىڭ ئىشىك ئالدىغا سەممىي ئەسكەرتىش چاپلاپ قويدى.

مانا مۇشۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى يۈزبېرىپ تۇراتتى، «ئاھالىلەرنىڭ ئىشىدا كىچىك ئىش يوق» دېدى فېڭ شيۇيۈن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ شەرەپ بىلەن مەملىكەت بويىچە مەھەللە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار شەخس، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ ئاياللار تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا كۆپرەك كاللا ئىشلىتىش

ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، فېڭ شيۇيۈن مەھەللىدىكى نۇرغۇن خىزمەتچىنىڭ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن مەھەللىگە ئىش بېجىرگىلى كەلگەندە ئادەم تاپالمايدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، فېڭ شيۇيۈن مەھەللىدە «ۋاقىتنى تەڭشەپ خىزمەت قىلىش تۈزۈمى»نى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەم ئەتراپتىكى مەھەللىلەرگىچە ئومۇملاشتۇردى.

خىزمەت جەريانىدا، فېڭ شيۇيۈن ئاھالىلەر ئوتتۇرىغا قويغان كۆڭۈلدىكى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى، ئۇ ھەمىشە قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقى، تېخىمۇ قولاي، ئەپچىل ئۇسۇل بار - يوقلۇقى ئۈستىدە ئويلاندى. «ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا كۆپرەك كاللا ئىشلىتىپ، ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تېپىش كېرەك» دېدى فېڭ شيۇيۈن.

2008 - يىلى قاراماي رايونى «100 ئائىلىنى ئارىلاش، 100 ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، 100 ئائىلىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، 100 ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، 100 ئائىلىنىڭ قەلبىنى ئىللىتىش»تىن ئىبارەت «بەش 100 خىزمەت مېخانىزمى»نى ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇنى بىر مەھەللىدە ئاۋۋال نۇقتىدا سىناق قىلىشقا توغرا كەلدى، فېڭ شيۇيۈن بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

«بەش 100 پائالىيىتى»نى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئۇ مەھەللە خىزمەتچىلىرىدىن خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەپ، بەزى ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدىغان ماجىرالارنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىشنى، بەزى ئاھالىلەرنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى ئىشىك ئالدىدىلا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلىلەرنى بىرىنچى ۋاقىتتا ھەل قىلدى، ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنى تەپسىلىي تىزىملاپ، ۋاقتىدا ئىز قوغلاپ ھەل قىلدى.

«چىن قەلب بىلەن كۆڭۈللەرنى ئۇتۇپ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى جايىدا ئىشلىگەندىلا، ئاھالىلەر تەبىئىيلا سىزگە ئىشىنىدۇ، مەھەللىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.» فېڭ شيۇيۈن مۇنداق دېدى: ھازىر، مەھەللە مەيلى قانداق پائالىيەتنى قانات يايدۇرسۇن، ئاھالىلەر دائىم بەس - بەستە قاتنىشىدۇ.

ئاھالىلەرنى ئورتاق قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش

فېڭ شيۇيۈن تۇرۇشلۇق بېيدوۋ مەھەللىسىدە جەمئىي 1413 ئائىلىلىك 3689 ئادەم بار. ئاھالىلەرگە ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، يالغۇز مەھەللە خىزمەتچىلىرىگىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، ئاھالىلەرنى ئورتاق قاتنىشىشقا كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

لېكىن نەچچە مىڭ ئاھالىنى قانداق سەپەرۋەر قىلىش كېرەك؟ «كۆپچىلىكنى باشلاپ ئىش قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك.» پىشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، فېڭ شيۇيۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەھەللىدە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

خىزمەت تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، باھالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش... فېڭ شيۇيۈننىڭ باشلامچىلىقىدا، مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاھالىلەر ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن «ئۈچقۇن ئائىلىسى» پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بارلىققا كەلدى.

«بىز ‹ئۈچقۇن ئائىلىسى› ئۈندىدار توپىدا ئاھالىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇلىرىنى ئېلان قىلدۇق، پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى ئاھالىلەرگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئىشقا ئاشۇردى» دېدى فېڭ شيۇيۈن. ھازىرغا قەدەر، پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىدە 178 كىشى بولۇپ، جەمئىي 586 ئادەم قېتىم ئاھالىنى پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

مەھەللە ئاھالىسى جى سەيخۇا تاسادىپىي كۆيۈپ يارىلىنىش سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى، فېڭ شيۇيۈن ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دائىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى، يەنە پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى ئەزالىرىنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. جى سەيخۇانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، فېڭ شيۇيۈن ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ قايتىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىگە چىقاردى ھەم مەھەللە ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى قىلدى، ھازىر جى سەيخۇانىڭ ئۆزى تەييارلاپ ئۆزى ئورۇنلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىنتايىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مۇشۇ ئىككى كۈندە جى سەيخۇا ناھايىتى خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ شەرەپلىك ھالدا كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولغانىدى. «مۇشۇ يىللاردا، مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى مېنىڭ تۇرمۇشتا يېڭىباشتىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشۇمغا ياردەم بەردى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزاغا ئايلىنىپ، ياردەمگە موھتاج تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىمەن» دېدى جى سەيخۇا.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچى، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشقا سىجىل كۈچەش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئېتىقاد بىلەن ئۆگىنىپ، ھېسسىيات بىلەن ئۆگىنىپ، مەسئۇلىيەت بىلەن ئۆگىنىپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچەپ، ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا سىجىل كۈچەش كېرەك. دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامراتلار توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ مەركەزلىك قوللاش، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ ئىنچىكە خىزمەت ئارقىلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، دەرھال ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، نامرات ئاھالىنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دەل جايىدا بولۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سىجىل كۈچەش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نىشان ئۆلچىمىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا سىجىل كۈچەش كېرەك. «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەبلەغ ئىشلىتىش، ئادەم كۈچىنى تەڭشەپ سەپلەش، يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، بىر - بىرلەپ ھېساباتقا سېلىشتۇرۇپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشكە سىجىل كۈچەش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭى نامرات ئاھالە پەيدا بولۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسىغا سىجىل كۈچەش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تاشنى دومىلىتىپ تاغقا چىقىدىغان غەيرەتتە، جەڭ قىلغانسېرى جەسۇر بولۇش جەڭگىۋارلىقىنى داۋاملىق ساقلاشقا، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىققا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئىچكى كۈچنى قوزغىتىشقا سىجىل كۈچەش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى قوزغىتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا، ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، تىپلار ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە مىننەتدارلىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ماھارەت، تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش شەرەپلىك بولۇشتەك قىممەت يۆنىلىشى ۋە سىياسەت يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە سىجىل كۈچەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى باشتىن - ئاخىر ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى قاتتىق ۋەزىپە قىلىپ، بىر مەيدان جەزمەن ياخشى قىلىدىغان قاتتىق جەڭ سۈپىتىدە تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا بىرىنچى قول مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە «قوش گۇرۇپپا باشلىقى» تۈزۈمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزى تۇتۇپ، باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۆلۈپ باشقۇرىدىغان مەسئۇل يولداشلار زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كونكرېت تۇتۇپ، ھەرقايسى تارماقلار ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئامما غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار ۋە ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى چىڭ كۆزلەپ تۈزەشنى تۇتۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش، ئالدىن كېلىشىپ مۇلازىمەت قىلىش، ۋاقت ئۇزارتىپ مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك خەلققە قولايلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزى ئوتتۇرىغا چىقارغان «تەكشۈرۈپ تەستىقلاش نەتىجىسىنى EMSدا مەخسۇس يەتكۈزۈپ بېرىش» مۇلازىمىتىدە، كارخانا ۋە ئاممىغا جەمئىي 10 مىڭ 814 پارچە يوللانما ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى جاڭ يەن يان تېلېفون ئۈندىدارىنى ئېچىپ «تۇرمۇش ھەق تاپشۇرۇش»نى چېكىپ، ئەسكەرتمە بويىچە ھەق تاپشۇرۇش سوممىسىنى كىرگۈزۈپ پار پۇلىنى ناھايىتى تېزلا تاپشۇردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئۈرۈمچى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈپ كۆزىتىش جەريانىدا شەھەر ئاھالىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان پار پۇلى تاپشۇرۇش شەكلى بىرلا خىل بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال تۈزىتىپ، ئۈندىدار، چىقىمدان قاتارلىق كۆپ خىل توردا ھەق تاپشۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئېچىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ ئاپتوماتىك ھەق تاپشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ شىركەتتىكى مەسئۇل كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىركەت بانكا بىلەن ھەق تاپشۇرۇش كەسپى بويىچە ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشۋېتىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي شەھەر ئاھالىلىرى يەنە ھەمكارلاشقۇچى بانكا تور نۇقتىسىدا پار پۇلىنى تاپشۇرالايدىكەن.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى) باش تېما تەربىيەسىدە دىققەتنى ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا ساقلانغان كەمتۈكلۈككە مەركەزلەشتۈرۈپ، «پاكىزلىق قۇرۇلۇشى»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. ھازىرغىچە، يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان 23 ساياھەت ھاجەتخانىسىنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىدا 16سى، يېزا - كەنت ساياھەت نۇقتىسىدا يەتتىسى بار بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ۋە شۇ جايدىكى ئاھالىلەرگە تېخىمۇ ياخشى سەپەر قىلىش تەسىراتى ئېلىپ كەلدى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاپتوموبىل توختىتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش، تۈزىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ قېتىم ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى قۇرۇلۇشى بىرلەشمە يىغىنى ئېچىپ، ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى قۇرۇلۇشى تۈرىنى پۇختا قەدەممۇ قەدەم ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، پۈتۈن شەھەردىكى 42 تەكشىلىكتە ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى پۈتۈپ، جەمئىي 7568 ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. مەركىزىي شەھەر رايونىدىكى يول بويىدا ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى تورى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىپ، 62 يولدىكى 2915 ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى سىزىقىنى سىزىش ۋەزىپىسى تاماملاندى ھەم ئاقىل ئاپتوموبىل توختىتىشنى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى تەتقىق قىلىشنى نۇقتىدا سىناش قانات يايدۇرۇلۇپ، مەركىزىي شەھەر رايونىدا ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.